# تىلىڭنى يىغ، ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل، خاتالىقلىرىڭغا يىغلىغىن

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نىجاتلىقنىڭ يولى قايسى؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭنى يىغ، ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل، خاتالىقىڭغا يىغلىغىن» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاخىرەتتە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق سورىدى، بۇ، ئاخىرەت ئىشلىرىغا ھېرىسمەن ھەر بىر مۇسۇلىنىڭ غايىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تىلىڭنى يىغ» دەپ تىلىنى باشقۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى، چۈنكى تىلنىڭ خەتىرى زور ۋە زىيىنى كۆپ بولىدۇ، مۇسۇلمان تىلىنى باشقۇرىشى، ئاخىرەتلىكىگە پايدىسى بولمىسا سۆكۈتنى تاللىشى كېرەك. «ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل» يەنى: ئىنسان زۆرۈر ئىشى بولمىسا سىرتلارغا كۆپ چىقماسلىقى، ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن زېرىكمەسلىكى، بەلكى ئۆيدە تۈرۈشنى يامانلىق ۋە پىتنىدىن ساقلىنىشنىڭ پۇرستى قىلىشى كېرەك. «خاتالىقىڭغا يىغلىغىن» يەنى: خاتالىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ راس يىغلا، بولمىسا زورلاپ بولسىمۇ يىغلا، سەندىن سادىر بولغان گۇناھ ئۈچۈن ئاللاھقا تووبە قىل، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3602